# ساقا رىئايە قىلغان كىشىگە رەھمىتىمنى يەتكۈزسەم، سېنى ئۈزىۋەتكەن كىشىدىن رەھمىتىمنى ئۈزىۋەتسەم رازى بولامامسەن؟

> ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارنى ياراتتى. ئۇلارنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، تۇققاندارچىلىق ئورنىدىن تۇرۇپ راھمان تائالانىڭ پېشىغا ئېسىلدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا: نىمە! دېدى. رەھىم: مەن سىلى بىلەن سىلە-رەھىمنى ئۈزۈشتىن پاناھ تىلىگۈچىمەن، دىدى، ئاللاھ: ساقا رىئايە قىلغان كىشىگە رەھمىتىمنى يەتكۈزسەم، سېنى ئۈزىۋەتكەن كىشىدىن رەھمىتىمنى ئۈزىۋەتسەم رازى بولامامسەن؟ دېدى، تۇققانچىلىق: ئەلۋەتتە رازى بولىمەن، ئى پەرۋەردىگارىم! دېدى، ئاللاھ تائالا: ئۇنداق بولسا، بۇ ھەق ساقا بېرىلدى، دېدى». پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: ئەگەر خالىساڭلار: «سىلەر ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟» دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار، دېدى. بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ئاللاھ: تۇققانچىلىق قىلغان كىشىگە رەھمىتىمنى يەتكۈزۈپ تۇرىمەن، ئۇنى ئۈزگەن كىشىدىن رەھمىتىمنى ئۈزىمەن، دېگەن
>
> [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن» يەنى بارلىق مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ ئاياغلاشقاندا دېگەن سۆزى ئۇ ئىشنىڭ ۋاقىتتا يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى چەكسىز، بىر ئىش يەنە بىر ئىشتىن ئۇنى توسۇپ قالالمىسىمۇ، بىراق ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات بۇ ۋەقەلىك ئۈچۈن بىر ۋاقىت تاللىغان، دېگەن مەنىدە. بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ ئىش- ھەرىكەتلىرى ئۆز خاھىشىغا ئالاقىدار ئىكەنلىكىگە، قايسى ۋاقىتتا نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ. «يارىتىپ بولغاندىن كېيىن» دېگەن سۆزدىن ھەممە نەرسىنى يارىتىپ بولدى، دېگەنلىك چىقمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقلىرى ئىنچىل بارلىققا كېلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىلمى، تەقدىر قىلىشى، لەۋھۇل مەھپۇزدا پۈتىشى ئىلگىرى ئۆتكەن. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى ئاساسىدا ئۇ بارلىققا كەلگەن. ھەر قانداق نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىدە بولىدۇ، ئاندىن تەقدىر قىلىنىدۇ ۋە لەۋھۇل مەھپۇزدا يېزىلىدۇ، ئاندىن خاھىشى بولغاندا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. «رەھىم راھمان تائالانىڭ پېشىغا ئېسىلدى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: نىمە! دېدى» تۇققانچىلىق گەرچە مەنىۋى نەرسى بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مەنسۇپ تۇرۇش، سۆزلەشلەر ھەقىقەت مەنىسىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئىنساننىڭ ئەقلى تەسەۋۋۇرى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. بۇ، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلماي سۆز مەنىسىگە قاراپ چۈشۈنۈش كېرەك، مەنالىرىنى بۇرمىلاشنى ئالىملار رەت قىلغان. ئەمما بۇ ھەدىستىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار كېيىدىغاندەك پاختا، تېرە ۋە باشقا نەرسىلەردىن تىكىلگەن كېيىمى بار، دېگەن مەنالار چىقمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ھېچ شەيئى ئاللاھ تائالاغا ئوخشاش ئەمەستۇر». يەنە سىلە-رەھىم: «مەن سىلە-رەھىمنى ئۈزۈشتىن پاناھ تىلىگۈچىمەن، دېدى» بۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئورۇندۇر، پاناھ تىلىگۈچى ئەڭ بۈيۈك ئورۇندا پاناھ تىلىگەن، يۇقارقى ئىبارىلەر سىلە-رەھىمنى ئۇلاپ تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇنى ئۈزۈپ قويۇشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇش: قىلىۋاتقان ياخشىلىقلارنى ئۈزۈش دېگەن مەنىدە. سىلە-رەھىمنى ئۇلاش: ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش، مېھرىبانلىق قىلىش، يېقىن تۇرۇش، قېيىنچىلىقلاردا ياردەم بېرىش، بېشىغا كەلگەن كۈلپەت ۋە ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرۈۋېتىش، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىلىق ئىشلاردا ئۇلارنى يېتەكلەشتەك ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئاللاھ: ساقا رىئايە قىلغان كىشىگە رەھمىتىمنى يەتكۈزسەم، سېنى ئۈزىۋەتكەن كىشىدىن رەھمىتىمنى ئۈزىۋەتسەم رازى بولامامسەن؟ دېگەندە، رەھىم:

ئەلۋەتتە رازى بولىمەن، دەپ جاۋاب بەردى. ئاللاھ تائالا: ئۇنداق بولسا، بۇ ھەق ساڭا بېرىلدى، دېدى» كىمكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا رەھمىتىنى چۈشۈرگەن كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ، شەكسىزكى ئاخىرەتتە پىردەۋس جەننىتىدىن پەرۋەردىگارىغا يېقىن بىر ئورۇندىن ئورۇن ئالىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە نائىل بولۇش ئاخىرەتتە پەرۋەردىگارىنىڭ يۈزىگە قاراش بىلەن جەننەتتە ئاخىرلىشىدۇ. كىمكى سىلە-رەھىمنى ئۈزسە ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىدىن رەھمىتىنى ئۈزىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن رەھمىتىنى ئۈزگەن كىشى بارلىق ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم بولۇپ، قوغلاندى قىلىنغان شەيتان بىلەن بىللە بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8284